# 181351 ـ جۈنۈبنىڭ روزىسىنىڭ توغرا بولىدىغانلىقى توغرىسىدا

## سۇئال

مەن رامىزان ئېيى كېرىشتىن ئىلگىرى ئېھتىلام بولۇپ قالدىم، ئوپېراتسىيە قىلىنغانلىقىم ئۈچۈن يۇيۇنۇشقا قادىر بولالمىدىم، ئەۋرىتىمنى قەغەز بىلەن سۈرتىۋەتتىم، روزا تۇتتۇم، بۇ جەرياندا ئادا قىلغان ئىبادەتلىرىمنى قايتىدىن قىلىشىم كېرەكمۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت۔سالاملىرى بولسۇن.

بىرىنچى: قېرىندىشىم ئەگەر سىز جاراھەت سەۋەبىدىن يۇيۇنالمىسىڭىز تەيەممۇم قىلىڭ، ئومۇمى ئالىملارنىڭ قارشىدا تاھارەت ئالىدىغان كىشىگە سۇ بولمىغاندا تەيەممۇم قىلىش يولغا قويۇلغاندەك، كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ قارشىدىمۇ ھەيز، نىپاس ۋە جۈنابەتتىن يۇيۇنۇشتىن تەيەممۇم قىلىش يولغا قويۇلغان. [ئىمام نەۋەۋىينىڭ "ئەل مەجمۇئ شەرھىل مۇھەززەب"2–توم 207–بەت].

بۇنىڭ دەلىلى: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ناماز ئوقۇغاندا ناماز ئوقۇماي ئولتۇرغان كىشى توغرىسىدىكى ھەدىس بولۇپ، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام نامازدىن سالام بېرىپ ئۇ كىشىدىن: «ئى پالانى! نىمە ئۈچۈن جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇمايسىز؟» ئۇ كىشى: جۈنۈپ بولۇپ قالغان ئىدىم، يۇيۇنغىلى سۇ يوق دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : «توپىدا تەيەممۇم قىلىڭ، شۇ سىزگە كۇپايە قىلىدۇ» دېدى. [بۇخارى رىۋايىتى 344–ھەدىس. مۇسلىم رىۋايىتى 682–ھەدىس].

ئىككىنچى: روزىنىڭ توغرا بولىشى ئۈچۈن تاھارەت شەرت ئەمەس. ئائىشە ۋە ئۇممۇ سەلىمە رەزىيالالاھۇ ئەنھۇلاردىن بايان قىلىنغان ھەدىستە: «پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام (ئېھتىلام بولماستىن) ئاياللىرى بىلەن بىرگە بولۇپ تاڭ ئاتقۇزاتتى، ئاندىن يۇيۇنۇپ روزىسىنى داۋاملاشتۇراتتى» دېگەن. [بۇخارى رىۋايىتى 1926–ھەدىس. مۇسلىم رىۋايىتى 1109–ھەدىس].

ئەر–ئاياللىق مۇناسىۋەت قىلىپ تاڭ يورۇغاندا يۇيۇنغانلىق بايان قىلىنغان تۇرسا، ئېھتىلام بولۇپ تاڭ يورىغاندىن كېيىن يۇيۇنۇش ئەلۋەتتە توغرا بولىدۇ، چۈنكى جىنسى مۇناسىۋەت ئىككى تەرەپنىڭ ئىختىيارلىقى بىلەن بولىدۇ، ئېھتىلام دېگەن ئىنسانىنىڭ ئىختىيارلىقسىز بولىدۇ.

ئالىملار ئىهتىلام سەۋەبىدىن جۇنۇپ بولغان كىشىنىڭ روزىسىنىڭ توغرا بولىدىغانلىقىدا ئوخشاش قاراشتا بولدى. ماۋەردىي مۇنداق دەيدۇ: "ئىسلام ئالىملىرى: بىر كىشى كېچىدە ئىهتىلام بولۇپ تاڭ يورۇغىچە يۇيۇنۇش پۇرسىتى بولسىمۇ يۇيۇنماي جۇنۇپ هالەتتە تاڭ ئاتقۇزغان بولسا، ياكى رامزاننىڭ كۈندۈزدە ئىهتىلام بولۇپ قالغان بولسا، ئۇ كىشىنىڭ روزىسى توغرا بولىدۇ دېگەن قاراشتا ئوخشاشتۇر. ["ئەل مەجمۇئ" 6-توم 308-بەت].

ئۈچىنچى: سىز زور خاتالىق سادىر قىپسىز، ئۇ بولسىمۇ تاهارەت ئالماي ناماز ئوقۇپسىز، ئالىملارنىڭ ئورتاق قارشىدا نامازنىڭ توغرا بولىشى ئۈچۈن تاهارەت بولۇش شەرت، بۇ قاراشنى ئىبنى مۇنزىر "ئەل ئىجمائ" 1-تومدا، نەۋەۋىي "شەرهىل مۇسلىم"3-توم 102-بەتتە نەقىل قىلغان.

سىز مۇشۇنداق خاتالىقتا چۈشۈپ قالماسلىق ئۈچۈن ئىلىم ئىگىلىرىدىن سورىشىڭىز كېرەك ئىدى، ئاللاهقا شۈكۈرلەر بولغان هازىرقى دەۋرىدە پەتىۋا سوراش يوللىرى ئاسان بولۇپ كەتتى، دىنى هۆكۈملەرنى بىلىش ۋە سوراش بەك ئاسان بولۇپ، هېچ كىشىگە قىيىن بولمايدۇ، سىز بۇ ئىشنىڭ هۆكمىنى بىلىشكە سەل قارىغانلىقىڭىز ئۈچۈن ئاللاهقا تۆۋە قىلىپ، خاتالىقىڭىز ئۈچۈن كەچۈرۈم سوراڭ، ئەگەر سەل قارىمىغان بولسىڭىز، ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ رەهمىتى ۋە مەرهەمىتى بىلەن سىزگە ياخشىلىق قىلىپ نادانلىقتا قىلغان ئىشىڭىزنى ئەپۇ قىلىدۇ.

ئالىملار: ئىلگىرى تاهارەتسىز ئوقۇغان نامازلارنىڭ قازاسىنى قىلامدۇ ياكى قىلمامدۇ؟ دېگەن مەسىلىدە ئىختىلاپ قىلىشتى: مۇشۇنداق مەسىلىدە، ئۇ كىشىنىڭ بىلمىگەنلىكى ئۆزرە بولىدۇ، ئۇ كىشى جاراهەت سەۋەبىدىن يۇيۇنالمايتتى، جۇنابەتتىن يۇيۇنۇشنىڭ ئورنىغا تەيەممۇم قىلىشنىمۇ بىلمەيتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ كىشىگە: ئۆتكەن نامازلارنىڭ قازاسىنى قىلىش كېرەك بولمايدۇ.

شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەهىمەهۇللاهمۇ بۇ قاراشنى كۈچلاندۇرۇپ، "پەتىۋالار مەجمۇئەسى" 23-توم 37-بەتتە مۇنداق دەيدۇ: "يۇيۇنۇشنىڭ ۋاجىپلىقىنى بىلمىگەن كىشى، ئۇنى بىلگەن ۋاقتىدا شۇ ۋاقىتتىكى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى نامازلارنى ئادا قىلىدۇ، ئۆتۈپ كەتكەن نامازلارنى قايتىدىن ئادا قىلمايدۇ، بۇ توغرىدا بۇخارى ۋە مۇسلىمدا بايان قىلىنغان هەدىستە، پەيغەمبەرئەلەيهىسسالام نامازنى مۇكەممەل تولۇق ئادا قىلىشنى بىلمەيدىغان سەهرالىق كىشىگە: «نامىزىڭنى قايتىدىن ئادا قىلغىن، هەقىقەتەن سەن نامازنى ئادا قىلمىدىڭ» دېگەن. ئۇ كىشى: سىنى هەق بىلەن ئەۋەتكەن زات بىلەن قەسەم! مەن بۇنىڭدىن تۈلۈق ـ مۇكەممەل ئوقۇيالمايسەن، قانداق قىلسام نامازنى توغرا ئوقۇيمەن بۇنى ماڭا ئۆگۈتۈپ قويسىلا؟ دېدى. پەيغەمبەرئەلەيهىسسالام ئۇ كىشىگە نامازنى تولۇق ئوقۇشنى ئۆگۈتۈپ قويدى، شۇ ۋاقىتتا ئوقۇيدىغان نامازنى قايتىدىن ئوقۇشقا بۇيرىدى، ئۇ كىشى: مەن بۇنىڭدىن چىرايلىق ـ تولۇق ئوقۇيالمايسەن دېگەنلىكى ئۈچۈن ئىلگىرى ئوقۇغان نامازلىرىنىڭ قازاسىنى قىلىشقا بۇيرۇمىدى. شۇنىڭدەك، ئۆمەر رەزىيەللاهۇ ئەنهۇ جۇنۇپ بولۇپ قالغاندا نامازنى ئوقۇمىغان، ئەممار رەزىيەللاهۇئەنهۇ ئۇلاغقا ئوخشاش تويىدا ئېغىناپ ئاندىن ئوقۇغان، ئەبۇ زەررىنمۇ جۇنۇپ بولۇپ قالغاندا ئوقۇمىغان نامازلارنى قايتىدىن ئوقۇشقا بۇيرۇمىغان. يەنە خۇن كېسىلى بولۇپ قالغان ئايالنى، ئۇ ئايال: مەندىن خۇن بەك كېلىدۇ، ئۇ ۋاقىتتا ناماز

ئوقۇيالمايمەن ۋە روزا تۇتالمايمەن دېگەندە، ئۇنىمۇ ئۆتۈپ بولغان ئىبادەتنى قايتا ئادا قىلىشقا بۇيرۇمىغان، رامزاندا تاڭ يورۇپ ئاق يىپنى قارا يىپتىن ئايرىغۇدەك يورۇق چۈشكىچە بىر نەرسە يېگەن كىشىنىمۇ شۇ كۈندىكى روزىنى قايتىدىن تۇتۇشقا بۇيرۇمىغان .ناماز دەسلەپتە ئىككى رەكئەت، ئىككى رەكئەتتىن پەرز بولغان، مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندىن كېيىن مۇقىم تۇرۇپ ئوقۇيدىغان ناماز زىيادە بولۇپ تۆت رەكەت پەرز بولدى، بۇنى مەككە، ھەبەشىستان ۋە باشقا يېزا-قىشلاقلاردا تۇرىدىغان مۇسۇلمانلار مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن بىلگەن، ئۇ ئارىلىقتا ئىككى رەكەتتىنلا ئوقۇغان، ئۇلارنىمۇ ئارىلىقتىكى نامىزىنى تولۇقلاپ ئوقۇشقا بۇيرۇمىغان، قىبلە ئۆزگەرگەندىن كېيىنمۇ بۇنى بىلمەي بەيتىل مەقدەسكە قاراپ ناماز ئوقۇغانلارنى خەۋەر يەتكەندىن كېيىن ئارىلىقتىكى نامازلىرىنى قايتىدىن ئوقۇشقا بۇيرۇمىغان.

ئاندىن مۇنداق دەيدۇ: ئىسلام دەسلەپكى دەۋرىدە، ئەر-ئاياللىق مۇناسىۋەت قىلىپ مەنىي چىقمىسا يۇيۇنۇش كېرەك بولمايتتى، كېيىن بۇ ھۆكۈم ئەمەلدىن قالغان، نۇرغۇن ساھابىلار مەنىي چىقمىسىمۇ يۇيۇنىدۇ دېگەن ھۆكۈمنى بىلمەي، مەنىي چىقمىغاندىن كېيىن يۇيۇنۇش كېرەك بولمايدۇ، شەرىئەتتە بۇيرۇلغان يۇيۇنۇش بويۇنچە يۇيۇنماستىن بىلمەي جۇنۇپ ھالەتتە ناماز ئوقۇغان، ئۇلارنىمۇ بىلگەندىن كېيىن قايتىدىن ئادا قىلىشقا بۇيرۇمىغان.

شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھدىن" :بىر كىشى جۇنۇپ بولۇپ، يۇيۇنۇپ بولغىچە جامائەتكە يېتىشەلمەيسەن دەپ تاھارەت ئېلىپلا بامدات نامىزىنى ئادا قىلغان بولسا قانداق بولىدۇ؟ دەپ سورالغاندا، شەيخ مۇنداق دېگەن: توغرىسى، ئەگەر ئۇ كىشى بۇ ئىشنى بىلمەسلىكتىن قىلغان بولسا، ئۆزرىسى قوبۇل قىلىنىدۇ. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالاممۇ نامازنى توغرا ئوقۇيالمايدىغان كىشىنى، بەك خۇن كەلگەنلىكى ئۈچۈن نامازنى تەرك قىلغان ئايالنى، تەيەممۇمدا توپىدا ئېغىناش كۇپايە قىلىدۇ دەپ قاراپ، توپىدا ئېغىنىغان ئەممار ئىبنى ياسىر قاتارلىقلارنىڭ نامازلىرىنى قايتىدىن ئادا قىلىشقا بۇيرۇمىغان. بۇ توغرىدا دەلىل بەك كۆپ" ."ئايلىق ئوچۇق سۆھبەت – 54 "نومۇر. 21806 ۋە 45648 نومۇرلۇق سوئاللارنىڭ جاۋابىغا قارالسۇن.

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.